# زىكرىنىڭ ئەۋزىلى: لائىلاھە ئىللەللاھۇ، دۇئانىڭ ئەۋزىلى: ئەلھەمدۇ لىللاھ

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «زىكرىنىڭ ئەۋزىلى: لائىلاھە ئىللەللاھۇ، دۇئانىڭ ئەۋزىلى: ئەلھەمدۇ لىللاھ».

[(ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسلە بولسا ھەسەن بولىدۇ]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە، زىكرىنىڭ ئەۋزىلىنىڭ: لائىلاھە ئىللەللاھۇ ئىكەنلىكىنى يەنى: ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق دېمەكتۇر. دۇئانىڭ ئەۋزىلى بولسا: ئەلھەمدۇ لىللاھ دېمەكتۇر، چۈنكى ئۇ نېمەت بەرگۈچىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇ بولسىمۇ: مۇكەممەل، گۈزەل سۈپەتلەرگە ھەقلىق بولغان, ئەيىپ-نۇقسانلاردىن پاك بولغان ئاللاھ ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3567